تۆگەر شاھلار بىر كۈن قۇللارنىڭ پەرقى،
ئۇلارغا كەلسە بىر كۈن يازمىش قىسمەت.
ئۆلۈكلەر قەبرىنى ئاچساكى بىر كىم،
كۆرەلمەس باي - گادىلىقتىن ئالامەت!

دەرۋىشنىڭ سۆزى پادىشاھقا قاتتىق تەسىر قىلدى -دە: «مەندىن نېمىنى خالىساڭ سورا!» دېدى.

دەرۋىش دېدى: «مەن سەندىن شۇنى سورايمەنكى، مېنى ئىككىنچى بىئارام قىلمىساڭ!»

پادىشاھ دېدى: «ماڭا بىرەر پەندى - نەسىھەت قىلساڭچۇ!»

دەرۋىش دېدى:

«بۇگۈن بار قولدا بايلىق، بىل غەنىمەت،
قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇرار مۈلك - دۆلەت»

**يېڭى سۆز - ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Derviş | دەرۋىش |
| Tenha | تەنها |
| Bağlı ol - | بېقىن - |
| Sultan | سۇلتان |
| Saltanat | سەلتەنەت |
| Derviş elbisesi | جەندە |
| İnsanlık | ئادەمگەرچىلىك |
| Erdem | پەزىلەت |
| Vezir | ۋەزىر |
| Cömert | مەرد |
| Boyun eğ - | تازىم قىل - |
| Ahlak | ئەدەب - قائىدە |
| Yerine getir - | بەجا كەلتۈر - |
| Sahip ol -, nail ol - | بەھرىمەن |
| Yağcılık yap - | خۇشامەت قىل - |
| Bekle -,Ağırla -, | كۈت - |
| Misafir et - | |
| Vatandaş | پۇقرا |
| İtaat | ئىتائەت |

V

| | | |
|---|---|---|
| سىلەر بۇ يەردە بىردەم | ساقلاپ<br>ئولتۇرۇپ<br>گېزىت كۆرۈپ | تۇرۇڭلار، مەن سىنىپقا بېرىپ باقاي. |

چىراقنى ئۆچۈرمەي تۇرۇڭلار، ماۋۇ خېتىمنى يېزىپ بولاي.

ھېلىقى ماقالىنى كۆچۈرمەي تۇرۇڭلار، سابىرلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن.

## تېكىست

### گۈلىستاندىن پارچە

بىر دەرۋىش قاقاس بىر يەردە تەنھا ئولتۇراتتى. بىر پادىشاھ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. دەرۋىش ئۆزۈمگە ئۆزۈم پادىشاھ ، ھېچكىمگە بېقىنمايمەن، دېگەن قانائەت بىلەن بېشىنى كۆتۈرمىدى ۋە نەزەرمۇ سالمىدى، سۇلتان بولسا سەلتەنەت – ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى كىشىمەن دېگەن نۇقتىدىن خاپا بولۇپ مۇنداق دېدى: «جەندە كىيگەن بىر نېمىلەر خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇلاردا ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتى يوق!»

ۋەزىر دەرۋىشنىڭ قېشىغا كېلىپ دېدى: «ئەي مەرد كىشى، يەر يۈزىنىڭ سۇلتانى يېنىڭدىن ئۆتسە، نېمىشقا ئورنىڭدىن تۇرۇپ تازىم قىلمايسەن ۋە ئەدەب قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرمەيسەن؟»

دەرۋىش دېدى: «پادىشاھقا ئېيت، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن كىم بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلسا، شۇ كىشىدىن خۇشامەت قىلىشنى كۈتسۇن، يەنە شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، پادىشاھ دېگەن پۇقرانى ساقلاش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پۇقرالار ھەرگىز پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس!».

پادىشاھ كەمبەغەللەر پاسبانى،
گەرچە شاھلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت.
قوي دېگەن چوپان ئۈچۈن ياشىماس،
بەلكى چوپان ئاڭا قىلۇر خىزمەت.
بۈگۈن كۆرسەڭ بىراۋنى بەختلىك، شاد،
كۆرەتسەن بىرىنى كۆڭلى جاراھەت.
كۈتۈپ تۇر نەچچە كۈن، تۇپراق بىراۋنىڭ،
خىيالچان بېشىنى يەيدۇ كارامەت.

ئە: ئەلۋەتتە بولىدۇ.

III

ئۇ ناھايىتى تىرىشقانلىقتىن/ تىرىشقانلىقىدىن ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن / قويغانلىقىدىن ئالغا بېسىشى ناھايىتى تېز بولدى.

ئۇ ئاممىغا كۆيۈنگەنلىكتىن / كۆيۈنگەنلىكىدىن ئامما ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| ئا: ئۇلۇشكۈن | بوغدا كۆلىگە<br>دۆڭكۆۋرۈك بازىرىغا<br>خەلقئارالىق چوڭ بازارغا | باردىڭلارمۇ؟ |

ئە: باردۇق.

ئا: سىدىق بىلەن كۆرۈشتۈڭلارمۇ ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: ئۇ | دەرس بېرىۋاتقىنى<br>ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقىنى<br>لېكسىيە بېرىۋاتقىنى | ئۈچۈن كۆرۈشەلمىدۇق. |

| | | |
|---|---|---|
| باللار ئەتە | باھار سەيلىسىگە بارىدىغانلىقى<br>تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلىقى<br>كونسېرت كۆرىدىغانلىقى | ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىدۇ. |

IV

| | | |
|---|---|---|
| بۇ | كىتابنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇم<br>ناخشىنى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇم<br>رەسىمنى كۆرگەنسېرى كۆرگۈم | كېلىدۇ. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۇنىڭ | خېتى<br>غەيرىتى | بارغانسېرى | چىرايلىق<br>ئۇستۇن | بولۇۋاتىدۇ. |